# ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيەنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى تۈپ مەقستى خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئۇلۇغ ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى: جۇڭگو خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى. 40 يىلدىن بۇيان، شېنجېن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، مائارىپ، داۋالاش، تۇرالغۇ قاتارلىقلاردا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇردى، 2019 ـ يىلى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 62 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 31.6 ھەسسە ئېشىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى باشلامچىلىق بىلەن تاماملاپ، كېيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. «جەزمەن خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك»، بۇ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ 40 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىسى، ئۇنى جەزمەن ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئۇزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۇرمۇشنىڭ ياخشى ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار.» ھازىر، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار خەلقنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئىنكاسى كۈچلۈك، قايتا ـ قايتا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چىقىش قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، تۇرالغۇ، كۈتۈنۈش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى سۈپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى، بەخت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئاممىۋى بايلىقنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا كېڭىيىشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تولۇق قاپلىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ ئاممىۋى سەھىيەدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىشى كېرەك. بولۇپمۇ شېنجېن خەلق تۇرمۇشى بەخت ئۆلچەم بايرىقى بەرپا قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان، ئورتاق بېيىدىغان خەلق تۇرمۇشى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى باشلامچىلىق بىلەن شەكىللەندۈرۈپ، باللار مېھرلىك تەربىيەلىنىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار سۈپەتلىك ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار ياخشى داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار ئوبدان كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەر ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يەردە ئولتۇرالايدىغان بولۇش، ئاجىزلارنى ئاۋام يۆلەيدىغان بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئەڭ چوڭ ھاياتىي كۈچى ئاساسىي قاتلام ۋە ئامما ئارىسىغا مۇجەسسەملەنگەن. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ 40 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىدە باسقان ھەر بىر قەدىمى ئاسانغا توختىمىدى، ھەممىسىدە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى، ھەممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىشىدىن ئايرىلالمىدى. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولماقتا. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكلىگەن تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە ئىپادىلىگەن ئارزۇسى، ياراتقان تەجرىبىسى، ئىگە بولغان ھوقۇقى، جارى قىلدۇرغان رولىغا ھۆرمەت قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدىن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەرەققىياتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا مۇجەسسەملەنگەن ئىجادىيەت ئۇلۇغ كۈچىنى تولۇق قوزغىتىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، كەسىپ تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ زور ئىشەنچى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، مەيلى قانچىلىك خىرىس ۋە بېسىمغا دۇچ كېلىشتىن، مەيلى قانچىلىك قۇربان بېرىش ۋە بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلققە چىڭ تايىنىش، خەلققە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىش، خەلق ئارىسىدا پۇختا يىلتىز تارتىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق بىلەن بىللە ئىشلىسەك، پارتىيەمىز چوقۇم جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى يۈكلەنگەن پاراخوتنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىتىپ، شانلىق قىرغاققا غەلىبىلىك باشلاپ بارالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2012 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، جەمئىي 23 مىڭ 700 ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 7 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتوموبىل سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا گۇاڭجوۋ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يولۇچى ئاپتوموبىلى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، شاڭخەي داجۇڭ(شىنجاڭ) ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى، دۇڭفېڭ سودا ئاپتوموبىلى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 11 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى، مەخسۇس ئاپتوموبىل، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى ۋە ئاساسىي تىپتىكى پىكاپنى قاپلىدى. بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىل كارخانىلىرى شىنجاڭغا ماكانلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پولات ـ تۆمۈر، بالون، سىلىقلاش مېيى قاتارلىق ئاپتوموبىل كەسىپ زەنجىرىدىكى يانداش كارخانىلارنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

شۇاڭچيەن گۇرۇھى (شىنجاڭ) كوئېنلۇن بالون چەكلىك شىركىتى شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنى بالون بىلەن تەمىنلەش سودىگىرى بولۇپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا يۈرۈشلۈك بالوندىن 30 مىڭنى ئىشلەپچىقاردى، بۇ، 2019 ـ يىلدىكى مال تەمىنلەش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ فۇكې نېفىت مەھسۇلاتلىرى پاي چەكلىك شىركىتى سىلىقلاش ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا بولۇپ، شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى، شاڭخەي ئاپتوموبىل گۇرۇھى، دۇڭفېڭ ئاپتوموبىل گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، موتور مېيى، چىشلىق چاق مېيى قاتارلىق ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان سىلىقلاش مېيى مەھسۇلاتلىرىنى ساتتى، سېتىش سوممىسى كارخانىنىڭ پۈتۈن يىللىق سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 10%نى ئىگىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل كەسپىنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەبىئىي گاز ئاپتوموبىلى، توكلۇق ئاپتوموبىل ھەمدە باشقا پاكىز ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىللارنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇردى ھەم يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىللارنىڭ شەھەر ئاممىۋى قاتنىشى، تاكسى قاتارلىق ساھەلەردە قوللىنىلىشىنى پائال كېڭەيتىپ، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل كەسىپ سىستېمىسى ۋە سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، بازار رىقابەت كۈچىگە ئىگە يېڭى ئېنېرگىيەلىك پۈتۈن ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاچقۇچلۇق زاپچاسلارنى ياساش بازىسى بەرپا قىلدى.

بۇ يىل 4 ـ ئايدا، جەمئىي 4 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۇيتۇن شەھىرى يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا قۇرۇلۇش باشلاندى، بۇ بازا پۈتكەندىن كېيىن ھەر يىلى يېڭى ئېنېرگىيەلىك يولۇچىلار ئاپتوموبىلىدىن 1000نى، يېڭى ئېنېرگىيەلىك مەخسۇس ئاپتوموبىلدىن 3000نى ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يېڭىدىن 700 ئىش ئورنى كۆپەيتىدۇ. بۇ تۈرنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى 12 ـ ئايدا تاماملىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى جابدۇق سانائىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ شياۋچۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ يېڭى ئاپتوموبىل تىپى كىرگۈزۈش، مەھسۇلات تۈرى ۋە كۆلىمىنى كېڭەيتىشىگە مەدەت بېرىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرىنى چوڭ قۇرۇلۇش، چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە مەدەت بېرىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى بازار بوشلۇقى ئاچىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتوموبىل كەسپىنى توپلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، يەرلىكنىڭ يانداش كەسىپلەر قۇرۇلۇشىغا ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

---

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يېرىنىڭ تۇپراق مۇھىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى شىڭنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «قانۇن بويىچە تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا كۈچ قوشۇش» ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يېرىنىڭ تۇپراق مۇھىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن؛ نۇقتىلىق ساھەلەردىكى نۇقتىلىق ئېغىر مېتاللارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارىنى دۆلەت تەلەپ قىلغان 2020 ـ يىلى 2013 ـ يىلدىكىدىن 2.5% تۆۋەنلىتىش نىشانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىغان.

2018 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. 2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش باش تېمىسىنى «قانۇن بويىچە تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا كۈچ قوشۇش» قىلىپ بېكىتتى ھەم ئۇنى بۇ يىللىق نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە دائىمىي كومىتېتنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى ئايشەم يۇنۇس مۇنداق تونۇشتۇردى: قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇش ئومۇمىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. قانۇن يولغا قويۇلغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار تارماقلار، كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشكە بولغان ئېتىبار بېرىش دەرىجىسى، ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. 2017 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرى ھەر يىلى «ئاپتونوم رايوندىكى تۇپراق مۇھىتى جەھەتتە نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلار تىزىملىكى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم كۆزنەك تور پونكىتلىرىدا جەمئىيەتكە ئاشكارىلىدى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن يىلدا تۇپراق مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتىكى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان ئورۇن 96 ئورۇن قېتىم، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەنلىرى 89 ئورۇن قېتىم بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نىسبىتى 92.7% بولدى.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تۇپراق مۇھىتى سۈپىتىنى ياخشىلاشنى يادرو قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، يېرىك پىلاننى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ يولغا قويۇش، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش، مۇھىتنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ھەمدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇپراق مۇھىتى سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم ھالەتنى ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، تۇپراق بۇلغىنىشىغا دائىر تاسادىپىي مۇھىت ۋەقەسى بىر قېتىممۇ يۈز بەرمىدى.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى كۈچەيتتى، ئومۇمىي ئەھۋال ياخشى بولدى. مەسىلەن، ئەخلەت بىرتەرەپ قىلىش جەھەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تىندۇرۇش مەيدانىدىن 87سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 79ى 2 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، بارلىق شەھەر، ناھىيە بازارلىرىنى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كورلا شەھىرى، خوتەن شەھىرى، بورتالا شەھىرى، يەكەن ناھىيەسى قاتارلىقلاردا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ توك تارقىتىش بىر تەرەپ قىلىش مەيدانىدىن تۆتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى ۋە فۇكاڭ شەھىرى قاتارلىقلاردا ئاشخانا ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەيدانىدىن ئۈچى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە قۇرۇلۇش ئەخلەتلىرىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ قايتا پايدىلىنىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىڭ تۇتۇپ «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغدىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى، لېكىن خەلقئارادا يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، كىرىش خاراكتېرلىك تارقاق تارالغان ئاغرىق مىساللىرى ۋە قىسمەن دائىرىدە يۇقۇم پارتلاش خەۋپ ـ خەتىرى يەنىلا مەۋجۇت، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كۈز، قىش پەسىللىك تارقىلىشچان زۇكام بىلەن گىرەلىشىپ كېتىش خەۋپ ـ خەتىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەت ئېلىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تارتىپ، سىياسىيدا، ئىدىيەدە، ھەرىكەتتە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان جەڭ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلىشنىڭ مۇكەممەل تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، بوشاشماي، بوشاشتۇرماي، دىققەتنى «تۆت بالدۇر» تەلىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىشەنچى بولۇش، ئىقتىدارى بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى جەزمەن بوشاشماي دائىم تۇتۇش، ئۇزاققىچە بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك. «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا پورتىدا، نۇقتىلىق سورۇنلاردا، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ئارىسىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن زەنجىرلىك يېپىق ھالقىسىمان باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ تېخىمۇ پىششىق يېتىلىشى، يۈرۈشلۈشىنىڭ تېخىمۇ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ كىرىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. «ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، بۇنىڭ يادروسى «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاچقۇچى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىش، دىققەتنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ نۇقتىلىق قوزغىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش تورىنى زىچ توقۇپ، پۇختا توقۇپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمىتى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ يۈرۈشلۈش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا چارە ـ تەدبىرلىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى دەرىجىمۇدەرىجە چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ھۆكۈم قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قايتا قاراپ چىقىش»نى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تۇتۇپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، جاۋ جۈڭجيۇ، جاۋ چىڭ، مەڭلىك سېيىت، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارخانا قۇرۇش، قۇرۇلۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلارغا ئاساسەن، «كارخانا، ئامما ‹بىر ئىشنى بىر يۈرۈش بېجىرىش› مۇلازىمەت ئىشلىرى تىزىملىكى»نى ئېلان قىلىپ، كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك 38 تۈرلۈك يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت ئىش تۈرىنى بىرىكتۈردى، ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدىكى 15 تۈرلۈك كۆپ بېجىرىلىدىغان يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت تۈرىنى تاللاپ ناھىيە(شەھەر)لەردە ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ھەقىقىي ئاددىيلاشتۇردى، تۈرلۈك ئىلتىماس قىلىش ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 52.2% ئازايتىلىپ، بېجىرىش مۇددىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 51.8% قىسقارتىلدى.

تېزلەشكىنى پەقەت بۇلا ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كارخانىلارنىڭ تىزىملىتىپ قۇرۇلۇش ئوتتۇرىچە ۋاقتى ئىلگىرىكى يەتتە خىزمەت كۈنىدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن 1.8 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەبلەغ سېلىش تۈرىنى بېكىتىشتىن قۇرۇلۇش باشلاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقىچە بولغان ئىلگىرىكى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت 80 خىزمەت كۈنى ئىچىگە قىسقارتىلدى ...

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى «2020 ـ يىللىق كارخانىلارغا پايدا يەتكۈزۈش، خەلققە قولايلىق يارىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەت لايىھەسى»نى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىپ، «كارخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەت مەخسۇس زالى» قۇرۇلۇشىنى تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ چۈن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە تور سىرتىدىكى «كارخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەت مەخسۇس زالى» قۇرۇلۇشى تاماملاندى، توردىكى مەخسۇس زال پات ئارىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

«بىز چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق زامانىۋىلاشقان ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەمەلىي گەۋدە مۇلازىمەت چوڭ زالى، تور مۇلازىمەت سۇپىسى، كۆچمە خەۋەرلىشىش تېرمىنالى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرىكتۈرۈپ، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى ئىقتىدارلارنى ئۆزئارا تولۇقلاپ، كارخانىلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشنى تېخىمۇ ئەلا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز.» دېدى ليۇ چۈن.